## ياشلىق باھار، سېخىنىڭ بىرىنچى سېپىدە پەرۋاز قىلماقتا

(بېشى 1 - بەتتە)

2006 - يىلى قىشتا، سوۋۇتۇش، توڭلىتىش ماشىنىسىدا يەنە كاشىلا كۆرۈلدى، شىركەت چەت ئەل تەرەپ تېخنىكلىرى بىلەن ئالاقىلەشكەن بولسىمۇ، قارشى تەرەپ ۋاقتىمىز يوق، بىر ئاي ساقلاڭلار، دېدى.

توڭلىتىش ماشىنىسى توختاپ قېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى، ئۇدا بىر ئايدىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتقاندا، كارخانىغا ئىنتايىن زور زىيان بولاتتى. «مەن قىلاي.» ئابدۇسەمى ئوتتۇرىغا چىقتى، گەرچە تولۇق ئىشەنچى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەسلىكنى قارار قىلدى.

توڭلىتىش ماشىنىسىنى رېمونت قىلىشتا، ئەڭ قىيىن، شۇنداقلا ئەڭ يادرولۇق تېخنىكا زاپچاس ئارىلىقىنى تەڭشەش بولۇپ، ئارىلىقنى 0.03 - 0.06 مىللىمېتىرغىچە كونترول قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. ئارىلىق چوڭ بولۇپ كەتسە، توڭلىتىش ماشىنىسىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتەتتى؛ ئارىلىق كىچىك بولۇپ قالسا، زاپچاسلار ئاسان ئۇپراپ، ئۇسكۇنىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشى تەسىرگە ئۇچرايتتى.

ئابدۇسەمى خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە رېمونت سېخىدا يېتىپ - قوپۇپ، غىزالىنىپ، توڭلىتىش ماشىنىسىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئاز - ئازدىن تەڭشەپ سىنىدى. بىر كۈن، ئىككى كۈن... تالاي قېتىم مەغلۇپ بولدى، «باشقىلار رېمونت قىلالىغاننى مەن نېمە ئۈچۈن رېمونت قىلالمىغۇدەكمەن؟ مەن چوقۇم ئۇنى رېمونت قىلىمەن» دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئابدۇسەمى ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، توڭلىتىش ماشىنىسىنىڭ ئايلىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چەت ئەل تەرەپ تېخنىكلىرى «ئالدىن بوغقان» قىيىن مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلدى.

كېيىن، ئابدۇسەمى يەنە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ 3D بېسىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىدى، «رېمونت قىلىشتا پايدىلىق بولسىلا چوقۇم ئۆگىنىمەن، يەنە چوقۇم ئۆگىنىۋالىمەن.»

### ■ ئاددىي خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش

«ئاددىي خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغاندىلا، چوقۇم قالتىس نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ.» جياۋ شىنۋېي ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بۇ سۆزنى ئىسپاتلىدى.

2011 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جياۋ شىنۋېي شىنجاڭ خۇاتەي ئېغىر خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە خىزمەت قىلدى، كېيىن شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىگە يۆتكىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا باشقارمىسى سۈپەت تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ سۈپەت تەكشۈرگۈچىسى بولدى.

بۇ ئىش ئورنى قارىماققا سەل زېرىكىشلىك بولۇپ، ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىش ئەۋرىشكە ئېلىش، ئانالىز قىلىش، نەتىجىنى ساقلاش... «بۇنىڭ مەن ئارزۇ قىلغان تۇرمۇش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن، مەندە قارشىلىشىش پسىخىكىسى پەيدا بولدى» دېدى جياۋ شىنۋېي.

بۇنداق ھالەت بىر يىلغا يېقىن داۋاملاشتى، زېرىكىشلىك خىزمەتتە جياۋ شىنۋېي ھاياتنى بۇنداق ئىسراپ قىلسا بولمايدىغانلىقىنى، ئىش ئورنى ئاددىي بولسىمۇ، ئەگەر ياخشى ئىشلىسىلا، قالتىس نەتىجە ياراتقىلى بولىدىغانلىقنى تەدرىجىي ھېس قىلدى.

چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك، ئىش ئورنىغا قايتا چىققاندا، جياۋ شىنۋېي كۆز ئالدىدىكى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئەسۋابىغا خۇددى ئۆزىنىڭ ياخشى دوستىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى. كۈندۈزى، ئۇ ئەستايىدىل ئەۋرىشكە ئېلىپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سانلىق مەلۇماتىنى سېلىشتۇردى؛ كېچىسى، ياتاققا قايتقاندىن كېيىن، ئۇ كىتاب دۆۋىسىگە چۆكۈپ، تۈرلۈك تەجرىبىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدىكى رېئاكسىيە پرىنسىپىنى تەتقىق قىلىپ، تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزىنى ئىزدىدى ھەم تەكشۈرۈپ ئۆلچەيدىغان ئەۋرىشكىلەرنىڭ فىزىكىلىق - خىمىيەلىك ئالاھىدىلىكى، خىمىيەلىك رېئاكسىيە پرىنسىپى، ئىنچىكىلەشكەن مەشغۇلات ئۆلچىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلىدى، كاللىسىغا قاچىلىۋالدى.

2013 - يىلىدىن باشلاپ، جياۋ شىنۋېي مەقسەتلىك ھالدا تۈرلۈك ماھارەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئېنىقلىق دەرىجىسى، تېخىمۇ مۇكەممەل ئۆلچەم، تېخىمۇ توغرا سانلىق مەلۇمات ئۈستىدە ئىزدەندى.

2016 - يىلى 10 - ئايدا، جياۋ شىنۋېي 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك نېفىت ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسى كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، ئۇ ۋە ئەترەت ئەزالىرى كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇ يەنە شەخسلەر تۈردە سەككىزىنچى بولۇشتەك ياخشى نەتىجە بىلەن «مەملىكەتلىك تېخنىكا ماھىرى» قاتارىغا كىردى.

«مەن ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىمەن ھەم دۇنيادا پەقەت تىرىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئارزۇغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى جياۋ شىنۋېي.

### ■ پۇرسەت ھەر ۋاقىت تەييارلىقى بارلارغا مەنسۇپ

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ۋاڭ كۇنگە كىچىكلىك بەندە ئىشلەش نۆۋىتى كەلدى. خىزمەت ئادىتى بويىچە، ئۇ 30 مىنۇت بۇرۇن ئىش ئورنىغا كېلىپ، ئالدىنقى بەنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، بەن - گۇرۇپپىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىقلارنى ئىگىلىدى.

33 ياشلىق ۋاڭ كۇن ئېتىبىن سېخىنىڭ بەنجاڭى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ سېختىكى ھاسىل قىلىش ئىش ئورنىدا بەش يىل ئىشلىگەندى. ھاسىل قىلىش ئىش ئورنىدا تەكرار خاراكتېرلىك ئەمگەك بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، مۇستەقىل پىكىر قىلىش پۇرستى كەم ئىدى.

ۋاڭ كۇن تېپىنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلدى، «كېيىنكى قەدەمدە نېمە بولۇشنى بىلمىسىمۇ، بىرىنچى قەدەمنى بېسىپ سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك.» ئۇ ئۆزى مەسئۇل بولغان بەن - گۇرۇپپىنىڭ خىزمەت دائىرىسىدە، بەن - گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلغاچ، قەتئىيلىك بىلەن مۇخبىرغا شۇنداق دېدى.

غايە كىشىلىك ھايات يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ۋاڭ كۇن تېپىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز تەييارلىق قىلدى: خىزمەت ۋاقتىدا، ئۇ بەن - گۇرۇپپىنىڭ ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى؛ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ باشقۇرۇش بىلىملىرى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.

پۇرسەت ھەر ۋاقىت تەييارلىقى بارلارغا مەنسۇپ. 2017 - يىلى، ۋاڭ كۇن باشقۇرۇش ئورنىغا چىقىپ، سېخىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى بولدى، كېيىن بەنجاڭ بولدى. «بىرىنچىلا ئون ئادەمنى باشقۇرىدىغان بولدۇم، قىيىنچىلىق خېلى بار، ئەمما قىيىنچىلىق قانچە كۆپ بولسىمۇ چوقۇم يېڭىش كېرەك» دېدى ۋاڭ كۇن ئۆزگە ئىشەنگەن ھالدا.

بەن - گۇرۇپپىنىڭ ئىشلىرىدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بەن - گۇرۇپپىنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئايدا بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپكە ئالاقىدار بەش ئۇچۇر تاپشۇرىدۇ. بەش ئۇچۇر قارىماققا كۆپ بولمىسىمۇ، كونبۇيى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپكە بىخۇدلاشقان كۆپچىلىك ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىش دەسلەپتە ئورۇنداش تەس بولغان كۆرسەتكۈچ بولۇپ قالدى.

«بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە بولمايدۇ.» ۋاڭ كۇن بەن - گۇرۇپپا ئەزالىرىنى يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىگە ئاساسەن، شىركەتنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆلچىمىنى بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ ئۆگەندى. بارغانسېرى كۆپ بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپى ئۇچۇرى ۋاڭ كۇننىڭ ئۈستىلىگە تەدرىجىي يىغىلدى ھەم شىركەتنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە تەتبىقلاندى.

2017 - يىلى ۋە 2018 - يىلى، ۋاڭ كۇن تۇرۇشلۇق بەن - گۇرۇپپىدا ئۇدا ئىككى يىل قائىدىگە خىلاپ ئىش، ھادىسە كۆرۈلمىدى. بۇلتۇر، ئۇ تۇرۇشلۇق بەن - گۇرۇپپا ئۈزۈپ چىقىپ، «مەملىكەت بويىچە بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتىكى ئۈلگىلىك بەن - گۇرۇپپا» بولۇپ باھالاندى.

«مېنىڭ خىزمەت نىشانىم بەن - گۇرۇپپامنى شىركەت بويىچە مۇنەۋۋەر بەن - گۇرۇپپا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئارزۇنى قەلبكە پۈكۈپ، ئارزۇ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق، بۇ نىشانى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز» دېدى ۋاڭ كۇن.

## مېھىر - مۇھەببەتنى تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشقا قايتۇرىمەن

(بېشى 1 - بەتتە)

### ■ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى قەلبلەردە يىلتىز تارتقۇزۇش

ئالتۇنگۈل لوپ ناھىيەلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىكى ئاددىي ئائىلىدە تۇغۇلغان، دادىسى ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ تېخنىكى، ئاپىسى دېھقان ئىدى. ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىللە ئىشلەيتتى، ھەر مىللەت ئامما قوشنا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، خۇددى ئىناق، ئىتتىپاق چوڭ ئائىلىگە ئوخشايتتى.

ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان يىلى، دادىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋالىنىشتىن تارتىپ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگىچە ئۈچ يىل ۋاقىت كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

«بىراق بىز كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمىدۇق، قوشنا - قولۇملارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىدا بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتتۇۋالدۇق.» ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلەپ، ئالتۇنگۈل سەل ھاياجانلاندى.

ئالتۇنگۈل ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ئائىلىسى يەنىلا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، سىنىپ مەسئۇلى چېن چى دائىم تاماق بېلەتلىرىنى ئۇنىڭغا بېرەتتى. «ھازىر تازا ئۆسۈۋاتقان ۋاقتىڭىز، ياخشىراق يەڭ، ياخشى ئۆگىنىڭ، كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇڭ.» مۇئەللىمنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، ئىخلاس بىلەن بەرگەن تەلىمى ئۇنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورنىدى.

«مەن مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدىم، ھەر مىللەت تاغا - ھەدىلىرىمىزنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىدىن ئوزۇق ئالدىم، مەنمۇ چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىم بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولىمەن.» تامچە ياخشىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى ئالتۇنگۈلنىڭ قەلبىگە يىلتىز تارتقۇزدى ھەم بارا - بارا بۈك - باراقسان دەرەخكە ئايلاندۇردى، بۈگۈنكى كۈندە، ئالتۇنگۈل ھەربىر «كىچىككىنە ھەرىكىتى» ئارقىلىق قەلبىدىكى بۇ مېھىر - مۇھەببەتنى كەنت ئاھالىلىرىگە يەتكۈزدى.

### ■ بەخت كەنتىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىش

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەتىگەندە، بەخت كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مېھرىگۈل مەتنىياز ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىنى پاكىز تازىلىدى، ھويلىسىدىكى جازىغا ياماشقان ئۈزۈم تېلى، كۆكتاتلىقتىكى كىچىك بەسەيلەر يايپېشىل كۆرۈنەتتى.

«ئىلگىرى ئائىلىمىزدە ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇپ، كۈنلىرىمىز غورىگىل ئۆتەتتى، ئالتۇنگۈل ئاچام ماڭا ياردەم قىلىپ خىزمەت تېپىپ بەردى، يەنە ماڭا كۆكتات تېرىشنى ئۆگەتتى، ھازىر كۈنلىرىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى مېھرىگۈل خۇشال ھالدا.

ئىككى يىل ئىلگىرى، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلغاندا، مېھرىگۈلنىڭ غەمكىن تۇرقىنى، دېمەكچى بولغان گېپىنى دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالتۇنگۈل كۆيۈنۈپ ئۇنىڭدىن قانداق قىيىنچىلىقى بارلىقىنى سورىدى، مېھرىگۈل كۆز يېشى قىلغىنىچە ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

ئالتۇنگۈل لوپ ناھىيەسىدىكى بىر پېشۇرۇقخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ، مېھرىگۈلنىڭ ئىشلەپ تۇرۇپ ئۆگىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، ھەر ئايدا 1500 يۈەن مائاش ئالىدىغان قىلدى. بىكار ۋاقىتلاردا، ئۇ مېھرىگۈلنى ئېلىپ بازار ئايلىنىپ چىرايلىق كېيىملەرنى ئېلىپ بەردى، بىللە مۇڭداشتى، مېھرىگۈلنىڭ چېھرىدە بارغانسېرى كۈلكە جىلۋىلەندى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىنى ئۇرغۇتۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئالتۇنگۈل خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بەنزىسنى يېتەكلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ھويلىسىدا خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ يۆلەپ، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى.

«ئا شۇجى، تۇرۇپلىرىم سېتىلماي بېسىلىپ قالدى، قانداق قىلىمەن؟» «ئا شۇجى، 13 مو يەرگە تېرىغان سۇڭپىياز ئېتىزدىلا سېسىپ كېتەي دېدى، ماڭا ئامال تېپىشىپ بېرىڭ...» كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدىكى قىيىنچىلىق دەل ئالتۇنگۈلنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىدى. ئالقادىچىلىك يەرنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشتىكى «ئېپچىلىك داستىخىنىم»غا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالتۇنگۈل لوپ ناھىيەلىك كۆكتات توپ سېتىش بازىرى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەملىشىپ سېتىش سۇپىسى ھازىرلاپ بەردى.

ھويلا - ئاران ھاياتىي كۈچكە تولۇشقا باشلىدى. ئالتۇنگۈلنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مېھرىگۈل ھويلىسىغا يۈۋەسەي تېرىپ، ھەر ئېگىزدىن 1000 يۈەن كىرىم قىلىدىغان بولدى.

«كۆپچىلىكنىڭ بەخت كۈلكىسىنى كۆرگىنىمدە، تولىمۇ مەمنۇن بولىمەن، بەخت كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىش مېنىڭ ئارزۇيۇم» دېدى ئالتۇنگۈل.

### ■ سىرداش ئاچا - سىڭىللار

بوش ۋاقىتلىرىدا، ئالتۇنگۈل لوپ ناھىيەسى بۇيا يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ جۇنلىننىڭ ياتىقىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلىدۇ.

2016 - يىلى، جاڭ جۇنلىن لەنجۇۋدىن لوپ ناھىيەسىگە كېلىپ، لوپ ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىگە تىزىمغا ئالدۇرغان كۈنى كەچ بولۇپ كەتكەندى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئەمدىلا ئىشتىن چۈشكەن ئالتۇنگۈلگە ئۇچراپ قالدى.

بۇ قىزچاقنىڭ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالتۇنگۈل ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ پاراڭلاشتى. ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئالتۇنگۈل: «يۈرۈڭ سىڭلىم، بىزنىڭ ئۆيدە قونۇڭ» دېدى.

قەلبلەرنى ئىللىتىدىغان سۆزلەر، قىزغىن كۈلۈمسىرەشلەردىن جاڭ جۇنلىن ئائىلە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىيلەننىڭ رىشتى باغلىنىپ، سىرداش ئاچا - سىڭىللاردىن بولۇپ قالدى.

««1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى كېلەي دېدى، مەكتەپتىكى بالىلار، ئوقۇتقۇچىلار كەنتىمىزگە كەلسۇن، بىز بىر مەيدان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆيۈشتۇرايلى.» 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە، ئالتۇنگۈل جاڭ جۇنلىننىڭ ياتىقىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. «بۇ بەك ياخشى پىكىر بولدى» دېدى جاڭ جۇنلىن خۇشال ھالدا.

بەخت كەنتىدە، ھەر ھەپتىدە تۈرلۈك شەكىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. «قوچقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، ئەر - ئاياللار ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى قاتارلىق قىزىقارلىق پائالىيەتلەر ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ، كادىرلار يەنە بىز بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئۆگىنىش قىلىدۇ، ئەمگەك قىلىدۇ، بىز ناھايىتى يېقىن بولۇپ كەتتۇق» دېدى كەنت ئاھالىسى مەتتوختى قۇربان.

## قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئەستايىدىل تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئەدلىيە مەمۇرىي سىستېمىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش قانۇنچىللىق تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئاپتونوم رايوننىڭ يىللىق قانۇنچىللىق تەشۋىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، يىللىق قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا كىرگۈزۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش قانۇنچىللىق تەشۋىقات - تەربىيەسىگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش قانۇنچىللىق تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قويۇق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى.

قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى «پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئەدلىيە مەمۇرىي سىستېمىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىگە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ماسلىشىپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» «ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لايىھەسى»نى تۈزۈپ، بېسىپ تارقىتىپ، قانۇنچىللىق تەشۋىقاتى، ئادۋوكاتلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىكى كۈچلەرنى ئۈزلۈكسىز بىرىكتۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى فۇنكسىيەلىك رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنى «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى، ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەر جىنايى دېلولىرىنى بېجىرىشكە ئالاقىدار بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى»، مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ «ئادۋوكاتلارنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەر جىنايى دېلولىرىنى بېجىرىشتىكى ئاقلاش ۋاكالەتچىلىكى خىزمىتى توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر»ى قاتارلىقلارنى يېشىپ چۈشەندۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 230 ئادۋوكاتنى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى جايلاردىكى ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى، ئادۋوكاتلار جەمئىيەتلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت قاتارلىق تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئادۋوكاتلارنىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولارنى بېجىرىشتىكى تۈرلۈك دەۋا ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئادۋوكاتلار جەمئىيەتلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دېلوغا يېتەكچىلىك قىلىش مەخسۇس گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، ئادۋوكاتلىق ئورنى ۋە ئادۋوكاتلارنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەر جىنايى دېلولىرىنى بېجىرىشتىكى ئاقلاش ۋاكالەتچىلىكى خىزمىتىنى قوللىدى ۋە كاپالەتلەندۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى يەنە ئەدلىيە مەمۇرىي سىستېمىسى زىممىسىگە ئالغان مەسئۇلىيەت، ۋەزىپىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدىكى تۈرلۈك خىزمەت، ۋەزىپىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، «بىرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، تۆت چوڭ فۇنكسىيە» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئەدلىيە مەمۇرىي مۇلازىمەت كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

## ئاددىي ئىش ئورنىدا قالتىسلىققا ئىنتىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاددىي خىزمەتمۇ ئوخشاشلا قالتىس كىشىلىك ھاياتنى ياراتقىلى بولىدۇ. ئۆز ئىش ئورنىدا قالتىس ئىشلەپ نەتىجە ياراتسىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ! ئەمما بۇنى دېيىش ئاسان، قىلىش تەس.

ھەربىر ئاددىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەنلىكنىڭ ئۆزى قالتىسلىق، بۇنىڭ ئۈچۈن جاپادىن قورقمايلا قالماي، يەنە زېرىكىشلىك ھېس قىلماي، مەسئۇلىيەتچان بولۇش كېرەك، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان، مەڭگۈ يېڭىلگەنگە تەن بەرمەيدىغان روھ بولمىسا، ئاددىيلىقتا چىڭ تۇرماق تەس.

بىز ھەربىرىمىز ئۆز خىزمىتىمىزگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ھەربىر ئىشنى ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسپكە ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ھەربىر خىزمەتكە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا قالتىسلىققا ئىنتىلىپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش بىلەن بىللە، ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىك ھايات قىممىتىمىزنى يارىتىشىمىز كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)